# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتى 新疆日报

2021 ـ يىل 2 ـ ئاي
24
چارشەنبە
维吾尔文 2 月24日
25342 ـ سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W　پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 57-1　تىيانشان تورى: www.ts.cn


# مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش ـ تەقدىرلەش يىغىنى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ

## شى جىنپىڭ مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچىلەرگە مۇكاپات تارقىتىپ بېرىدۇ ھەم مۇھىم سۆز قىلىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش ـ تەقدىرلەش يىغىنى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچىلەرگە مۇكاپات تارقىتىپ بېرىدۇ ھەم مۇھىم سۆز قىلىدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئوقۇش يېتەكچىسى

خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى ماقالىسى

## ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ تۆرلۈك ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە، يۇقىرى سۈپەتتە تاماملايلى

ــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

3 ـ بەتتە

## مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى 6 ـ تۈركۈمدىكى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىلىرى ۋە ئىش ئورنىدا لېي فېڭدىن ئۆگىنىش بايراقدارلىرىغا نام بەردى

4 ـ بەتتە

# خەلق گېزىتىدە ئىمزالىق ماقالە ئېلان قىلىندۇ

# تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىش　يېڭى كۆرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى

## ــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ھەققىدە ئۇنىۋېرسال بايان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدىغان خەلق گېزىتىدە «تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىش　يېڭى كۆرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ھەققىدە ئۇنىۋېرسال بايان» تېمىسىدىكى ئىمزالىق ماقالە ئېلان قىلىندۇ.

«سەككىز يىل سىجىل كۆرەش قىلىش ئارقىلىق، بىز يېڭى دەۋردىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە تاماملىدۇق، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىپ، مۇتلەق نامراتلىق ۋە رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىي نامراتلىقنى تۈگىتىپ، 100 مىليونغا يېقىن نامرات نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن دۇنيا يېگىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان مۇھىم، زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردۇق.» 2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقاندا مۇشۇنداق كۆرسەتتى.

ماقالىدە مۇنداق دېيىلدى: 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسى بار چوڭ دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسىگە تارىخىي خاراكتېرلىك خاتىمە بېرىلدى، بۇ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇلۇغ ئىش، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ نامراتلار سانىنى ئازايتىش تارىخىدىكى مۆجىزە!

2020 ـ يىلغا بارغاندا، دۆلىتىمىزدە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىزنىڭ تەنتەنىلىك ۋەدىمىز؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى قانچە ئېلىپ بېرىلغانسېرى، پارتىيە رەھبەرلىكىنى شۇنچە كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك؛ نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشتا، مۇھىمى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئۇستۇرۇش؛ ھۆكۈمەت سېلىنمىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇشتىكى سۈپىبىكتلىق ۋە يېتەكچىلىك رولىدا چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# ئاپتونوم رايون پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى

## چېن چۈەنگو سۆز قىلدى

### شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى　شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ قاتناشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ 100 يىللىق ئۇلۇغ كۆرەش قىلىش مۇساپىسىدىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوبۇل قىلىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئاممىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، كۆتۈرەڭگۈ قىياپەتتە يېڭى دەۋردە تۆھپە يارىتىپ، جاسارەت بىلەن يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ قېتىمقى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى تارقاتتى، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، بىزنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشىمىز ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بەختنىڭ ئاساسىي رېڭىنى جۇلالاندۇردى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جاۋاب قەغىزى⑨

☐ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لى چۈنشيا

بۇ يىل چاغاندا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ شوپۇرى مەتتۇرسۇن ئەيسا خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇردى. تۆت يىل ئىلگىرى، ئۇ خوتۇنى بىلەن چىرا ناھىيەسىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانىدى، بۈگۈنكى كۈندە ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئايلىق كىرىمى 7000 يۈەندىن ئاشتى، بالىسىمۇ يېنىدا تۇرۇپ ئوقۇيدۇ. «بىز نامرات ئائىلە قالپىقىنى ئېلىۋەتتۇق، كىرىمىمىز مۇقىم بولدى، تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلاندى» دېدى مەتتۇرسۇن.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن 14 مىليون 330 مىڭ ئادەم قېتىم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىدىن مەنپەئەتلەنگەن مەتتۇرسۇنغا ئوخشاش يېزىلاردىكى تېخىمۇ كۆپ ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنىڭ قىلىدىغان ئىشى بار بولدى، تاپىدىغان پۇلى بار بولدى، كۈنلىرى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىپ، تۇرمۇشى بارغانسېرى بەختكە تولدى.

### ئىشكى ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلىشىپ پۇل تاپالايدىغان ھەم ئائىلىسىدىكىلەردىن خەۋەر ئالالايدىغان بولدى

«ياخشىمۇسىز، كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز، بۇياققا مەرھەمەت.» 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خوتەن شەھىرىنىڭ يۇرۇڭقاش بازىرى ئالتىلە كەنتىدىكى ئېكولوگىيەلىك قۇياش نۇرى ئاشخانىسىدا، مۇلازىمەتچى روزىگۈل مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

روزىگۈل ئىلگىرى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېكىتىلگەن نامرات ئائىلە ئىدى. 2018 ـ يىلى، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى ئۇنى بۇ ئاشخانىدا مۇلازىمەتچى بولۇشقا تونۇشتۇردى. بۇ يەردە، ئۇ مېھمان كۈتۈش قائىدە ـ يوسۇنلىرى ۋە قاچا ـ قۇچىلارنى تىزىش، قورۇمىلارنى ئۈستەلگە چىقىرىش قاتارلىق ماھارەتلەرنى ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە ئاشپەزدىن بىرقانچە خىل ئالاھىدە قورۇمىنى قورۇشنى ئۆگىنىۋالدى. «ئىشلەيدىغان جاي ئۆيۈمگە بەك يېقىن، ھەم پۇل تاپالايمەن، ھەم ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايمەن، بەك ياخشى بولدى» دېدى ئۇ خۇشال ھالدا.

ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشقاندا، دېھقانلار ھەم كىرىمنى ئاشۇرالايدۇ، ھەم ئېتىز ئىشىنى قىلالايدۇ ۋە ئائىلىسىدىكى ياشانغانلار، بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايدۇ، بۇ، يېزىلاردىكى كۆپ ساندىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇردى. ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بوشلۇقىنى پائال كېڭەيتىپ، ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى نۇقتىلىق يولغا قويۇپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، ئىستېمال، ئېلېكترون، ئاياغ ـ باش كىيىم، چامادان ـ سومكا قاتارلىق ئەمگەك كۈچلۈملەشكەن كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ كەنت قۇرغان زاۋۇت، نامراتلارنى يۆلەش سېخى بەرپا قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلىششقا قوبۇل قىلىپ، يېزىلاردىكى ئەمگەك ـ مۇلازىمەت ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا تۈرتكە بولۇشىغا يار ـ يۆلەك بولدى، كەسىپ(سانائەت)لەر باغچە رايونلىرىدا مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىششقا تۈرتكە بولۇپ، ساياھەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 23 ـ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 23 ـ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن 55 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، بۇ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 23 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ قارالمىسى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى، ئاپتونوم رايوندىن 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى تولۇقلاپ سايلاش ۋە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش تەكلىپى توغرىسىدىكى ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. ئاپتونوم رايوندىن 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر تولۇقلاپ سايلاندى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

100 يىللىق كۆرەش يولى　يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

# شىنجاڭ تۇپرىقىغا ئويۇلغان قىزىل ئىزنالار

☐ ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۈي يۈنيەن

1 مىليون 660 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق كەڭ تۇپراق، ۋەتەن زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمى، جۇڭگودىكى قۇرۇقلۇق كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئۆلكە دەرىجىلىك مەمۇرىي رايون ــ بۇ جاي شىنجاڭ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بەختلىك ئائىلىسى.

خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ، شىنجاڭ رايونى جۇڭگو تېررىتورىيەسىنىڭ بىر قىسمىغا رەسمىي ئايلانغان. كۆپ مىللەت بۈيۈك بىرلىكى ئەندىزىسى ئىچىدە مەركىزىي ھاكىمىيەت باشتىن ـ ئاخىر شىنجاڭ رايونىغا بولغان باشقۇرۇش تەۋەلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن، شىنجاڭ رايونى باشتىن ـ ئاخىر دۆلىتىمىز زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن. يېقىنقى زاماندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قەتئىي قوغدىدى.

تارىخقا نەزەر سالساق، بۇ تۇپراقمۇ ئىلگىرى نامرات ـ ئاجىز، پۈتۈن جىسمىنى جاراھەت قاپلىغان بولۇپ، ھەر مىللەت خەلق قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالغانىدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)




قىزىل ئىزنالار

**[ئىستون سۆزى]** ۋاقىت ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان پەيتتە، شانلىق 100 يىلنى ئەسلەپ ئۆتىمىز. 1921 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى مىسلىسىز ئۇلۇغ ۋەقە بولۇپ، يېقىنقى دەۋردىن بۇيانقى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە مۇساپىسىنى چوڭقۇر ئۆزگەرتتى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى چوڭقۇر ئۆزگەرتتى.

پارتىيەنىڭ 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، شىنجاڭ گېزىتخانىسى (شىنجاڭ گېزىتچىلىك ـ تاراتقۇ گۇرۇھى) «جەۋلان قىلغان قىزىل بايراق ــ پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى 100 يىلى» چوڭ تېپتىكى پۈتۈن تاراتقۇ تەشۋىقات ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى باشلىدى. پارتىيە تاراتقۇسىنىڭ ئاخبارات خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز 100 يىلدىن بۇيان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىنجاڭ تۇپرىقىغا ئويۇلغان قىزىل ئىزنالىرىنى ئىزدەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھەر مىللەت خەلققە بەخت ـ سائادەت يارىتىشتىكى ئۇچمەس تۆھپىلىرىنى ياخشى تەشۋىق قىلىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ئىجادىي ياخشى قانات يايدۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىپ، تارىخىي بۇرچنى زىممىمىزگە ئالىمىز.

بۈگۈندىن باشلاپ، ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى پۈتۈن تاراتقۇ سۇپىسىدا «قىزىل ئىزنالار» ئىستونىنى ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىللىرىدە، كوممۇنىستلارنىڭ شىنجاڭ تۇپرىقىدىكى جاپا ـ مۇشەققەتلىك، مىسلىسىز كۈرەش مۇساپىسىنى ئىزدەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا، قالاقلىقتىن ئىلغارلىققا، ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن پارلاقلىققا قاراپ ماڭغان ئۇلۇغ مۇساپىسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى تاللىغانلىقى، سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشنى تاللىغانلىقىنىڭ تارىخىي لوگىكىسىنى تولۇق ئېچىپ بېرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشتەك قەتئىي ئېتىقادىنى تولۇق نامايان قىلىدۇ. ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى پۈتۈش ئۈچۈن بوشاشماي كۆرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. بىز يەنە «پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى چوڭ ئىشلىرى خاتىرىسى» «پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ھېكايىلىرى توپلىمى» قاتارلىق يۈرۈشلۈك ئىستونلارنى ئاچىمىز ۋە ئالاقىدار خەۋەرلەرنى بېرىمىز، دىققەت قىلغايسىلەر.



شىنجاڭدىكى قىزىل ئىزنالار كۆرسەتمە خەرىتىسى